# شىنجاڭ گېزىتى

新 疆 日 报 （维吾尔文）

(بۇ سان ئالتە بەت)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65—0002 / Z

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى(ۋەكالەت نومۇرى: 1—57)

1997 - يىل

ماي

21

چارشەنبە


**ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋارايى:**
كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ كېيىن بۇلۇتلىنىدۇ. تېمپېراتۇرا 25°C – 12°C بولىدۇ. ئوچ بال شامال چىقىدۇ.

مۇھىم خەۋەرلەر

## «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» ناملىق تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلمى خەلقئارا سەنئەت بايرىمىدا «ئالاھىدە مۇكاپات»قا ئېرىشتى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز نۇرمۇھەممەت جېلىل خەۋەر قىلىدۇ: 1997 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ۋېنگىرىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن 7- قېتىملىق مىدياۋى خەلقئارا سەنئەت بايرىمىدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن شىنجاڭ مۇقام فوندى جەمئىيىتى بىرلىشىپ ئىشلىگەن «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» ناملىق چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلمى سەنئەت بايرىمى تەشكىلىي ھەيئىتى رەئىسىنىڭ «ئالاھىدە مۇكاپات»ىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى سەنئەت بايرىمىغا 50 نەچچە دۆلەت يوللىغان 1000 دىن ئارتۇق فىلىمدىن 300 فىلىم تاللاپ قاتناشتۇرۇلغانىدى.

«ئۇيغۇر 12 مۇقامى» ناملىق بۇ فىلىمنىڭ سىنئالغۇ لېنتىسىنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۇ قېتىمقى خەلقئارا سەنئەت بايرىمىنىڭ تەشكىلىي ھەيئىتىگە ئەۋەتىپ بەرگەنىدى.

ئىسمائىل ئەھمەد، تۆمۈر داۋامەت، مىجىت ناسىر قاتارلىق رەھبەرلەر «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» ناملىق تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلىمىنىڭ خەلقئارا سەنئەت بايرىمىدا «ئالاھىدە مۇكاپات»قا ئېرىشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكىلەرنى تىرىشىپ مۇشۇنداق نادىر تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆپلەپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى.



سۈرەتتە: ئۆمەك باشلىقى خۇرشىدە غوپۇر ۋېنگىرىيە زۇڭتۇڭى گونتىس ئارپاتقا ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى تەقدىم قىلماقتا.

## ئاپتونوم رايونىمىزدا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى

### 1 مىليون 500 مىڭدىن كۆپرەك نامرات دېھقان، چارۋىچىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى

ئۆز مۇخبىرىمىز مۇھەممەت نىياز خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونىمىزدا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. پەن- تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئەجرى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 500 مىڭدىن كۆپرەك نامرات دېھقان، چارۋىچىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر)لىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشقا 1990 - يىلدىن بۇيان مەخسۇس ئادەم، مەخسۇس خىراجەت ئاجراتقاندى. ئۇلار پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشتا مۇنداق ئىشلارنى چىڭ تۇتتى:

– جايلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئەقلىي جەھەتتىن ياردەم بەردى.ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قاراقاش، مورى، لوپ، قەشقەر، پېشقەدەم ئاتۇش قاتارلىق جايلارغا قىلدۇرۇشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشقا دائىر ئېچىش خاراكتېرلىك تۈرلەرنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى. ئەسقاتىدىغان تېخنىكىلارنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش بىلەن بىللە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا ئېچىش خاراكتېرلىك چوڭ تۈردىن 41 نى ئورۇنلاشتۇردى. پەن -تېخنىكا ئۈچ خىل خىراجەتتىن 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجراتتى. 16 مىليون 220 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى. خوتەن ۋىلايىتىدە يولغا قويۇلغان «ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزلىرىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزغا ئايلاندۇرۇش ئۈنۈملۈك تېخنىكا تۈرى » مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇ تۈر 1996 - يىلى 623 مىڭ مو يەردە كېڭەيتىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كەڭ ئەنلىك سولياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى 434 مىڭ موغا، بىرلىك ھوسۇلىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 21.9 % كە، يېڭىدىن ئاشقان ئىقتىسادىي ئۈنۈم 76 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

– پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەش، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە مائارىپ كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇش پىلانى » ۋە «دېھقان، چارۋىچىلارنى پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەشتىكى يۈرۈشلەشكەن قۇرۇلۇش پىلانى» بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنى ھەر يىلى 28 مىليون ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى. كۆپ قىسىم دېھقان، چارۋىچىلار بىردىن ئىككىگىچە ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكىنى ئىگىلىدى. ئىلگىرى بىر تۈرلۈك يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بەش يىلچە ۋاقىت كېتەتتى، ھازىر بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە ۋاقىت كېتىدىغان بولدى.

– ئۈلگە يارىتىپ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلىدى. ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تارماقلىرى «ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى»ياكى «تەجرىبە ئېتىزى»نى بىۋاسىتە تۇتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ «ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيىسى» قىلىپ بېكىتلىگەن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ بولتۇرقى ئاشلىق، پاختا ھوسۇلى، چارۋا مېلى ۋە يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 1986- يىلدىكىدىن 57 %، 2.8 ھەسسە، 61.5 %، 6.38 ھەسسە ئاشتى، بۇ ناھىيىدىكى 130 مىڭ 140 نامرات دېھقان، چارۋىچى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدە خۇشاللىنارلىق بۇرۇلۇش بولدى

ئۆز مۇخبىرىمىز جاۋ يۇ خەۋەر قىلىدۇ: مۇشۇ ئاينىڭ 14 - كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەھلىل قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىل 1 - ئايدىن 4- ئايغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە يۇكسەلگەن، سۈرئەت ۋە ئۈنۈم ئايمۇ ئاي ئۆرلىگەن، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنىڭ جىپسىلىشىشى ئاساسىي جەھەتتىن نورمال بولغان: قاتناش - ترانسپورت مۇقىم

كارخانىلىرىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى ياخشىلانغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ مۇقىم ئەمەسلىكىنى؛ ئورغۇن زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنىڭ، بولۇپمۇ يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ تۈپتىن ياخشىلانمىغانلىقىنى كۆرۈشى كېرەك. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي خىزمەتلىرى توغرىسىدا بىر نەچچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، چوقۇم مەھسۇلات

ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر باشقۇرۇش-نازارەت قىلىش ئىشخانىسى غەربىي دېموكراتىيە يولىنىڭ قاتناش



# شىنجاڭ تيەنيې پاي چەكلىك شىركىتى (تەييارلىق ھەيئىتى)نىڭ

## (شىنجاڭ شىخەنزە شەھىرى)

# پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرۈشنامىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

## ئادەتتىكى پاي: 27 مىليون

### مۇھىم كۆرسەتمە

مەزكۇر خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرۈشنامىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ مەقسىتى جەمئىيەتتىكى ئاممىغا بۇ قېتىمقى پاي چېكى تارقىتىشنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى ئىمكانقەدەر كەڭ كۆلەمدە تېز ئۇقتۇرۇش ئۈچۈندۇر. پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرۈشنامىسىنىڭ تولۇق تېكىستى بۇ قېتىمقى پاي چېكى سېتىشنىڭ رەسمىي قانۇنىي ھۆججىتى بولىدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلار پاي چېكىگە خېرىدار بولۇشتىن ئىلگىرى پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرۈشنامىسىنىڭ تولۇق تېكىستىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىشى ھەم بۇ تولۇق تېكىستنى مەبلەغ سېلىش قارارىنى چىقىرىشنىڭ ئاساسى قىلىشى كېرەك.

(بىرلىكى: يۈەن)

| | قىممىتى | تارقىتىش باھاسى | تارقىتىش خىراجىتى | توپلىنىدىغان مەبلەغ |
|---|---|---|---|---|
| ھەر پاي | 1 , 00 | 6 , 53 | 0 , 27 | 6 , 26 |
| جەمئىي | 27 , 000 , 000 | 176 , 310 , 000 | 7 , 350 , 000 | 168 , 960 , 000 |

بۇ قېتىمقى A پاي چېكىنى تارقىتىش ۋاقتى: 1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، شىركىتىمىز بۇ قېتىم تارقىتىلىدىغان پاي چېكىنى تارقىتىشنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى شاڭخەي ئاكسىيە بېرژىسىغا سودا قىلىشقا بالدۇرراق سېلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئاساسلىق ساتقۇچى: شىنيىن ۋەنگو ئاكسىيە چەكلىك شىركىتى، قوشۇمچە ئاساسلىق ساتقۇچى: جېجياڭ ئاكسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، تارماق ساتقۇچى: شىنجاڭ خۇڭيۈەن ھاۋالە مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى ۋە شىنجاڭ ئاكسىيە شىركىتى، بازارغا سېلىشقا تونۇشتۇرغۇچى: شىنيىن ۋەنگو ئاكسىيە پاي چەكلىك شىركىتى، جېجياڭ ئاكسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، مالىيە مەسلىھەتچىسى: شاڭخەي «يېڭى ئەسىر» مەبلەغ سېلىش مۇلازىملىق شىركىتى

### 1. مۇقەددىمە

مەزكۇر پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرۈشنامىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىركەت قانۇنى»، «پاي چېكى تارقىتىش ۋە پاي چېكى سودىسىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى»، «پاي چېكىنى ئاشكارا تارقاتقان شىركەتلەرنىڭ ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاش تەپسىلىي قائىدىسى» ۋە «پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرۈشنامىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى»گە، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار پاي چېكى تۈزۈمىدىكى كارخانا سىناق نۇقتىلىرى ۋە پاي چېكى تارقىتىشنىڭ ئالاقىدار باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلىپ ئېلان قىلىندى ھەم جۇڭگو ئاكسىيە نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلدى. شىركىتىمىزنىڭ تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى بۇ خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرۈشنامىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى تەستىقلىدى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق چوڭ ئىشلارنىڭ قېپقالمىغانلىقىغا ياكى ئۇنىڭدا جامائەتتە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدىغان تەركىبلەرنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەندى ھەم بۇ چۈشەندۈرۈشنامىنىڭ چىنلىقى، توغرىلىقى، مۇكەممەللىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئايرىم ۋە چېتىلما مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تارقاتقۇچى ۋە ئاساسلىق ساتقۇچىدىن باشقا ھەر قانداق كىشىگە

جامائەت پېيى: شىركىتىمىزنىڭ بۇ قېتىم تارقىتىدىغان 27 مىليون خەلق پۇلى ھېسابىدىكى ئادەتتىكى پېيى (شىركىتىمىزنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە تارقىتىلىدىغان 2 مىليون 700 مىڭ پاينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى كۆرسىتىدۇ.

سېتىشنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئورگان: شىنيىن ۋەنگو ئاكسىيە پاي چەكلىك شىركىتى ئاساسلىق ساتقۇچى بولۇپ تەشكىللىگەن سېتىشنى ھۆددىگە ئېلىش ئۆمىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاساسلىق ساتقۇچى: شىنيىن ۋەنگو ئاكسىيە پاي چەكلىك شىركىتىنى كۆرسىتىدۇ.

### 5. تارماق ساتقۇچى:

(1) نامى: شىنجاڭ خۇڭيۈەن ھاۋالە مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى

قانۇنىي ۋەكىلى: جاڭ چۈەنجى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئەدەبىيات - سەنئەت يولى 2- قورۇ خۇڭيۈەن سارىيى

تېلېفون نومۇرى: 2303727 (0991)

فوتو تېلېگراف نومۇرى: 2303707 (0991)

فوتو تېلېگراف نومۇرى: 2815074 (0991)

تىزىمغا ئېلىنغان باھالاشنى بېجىرگۈچى: جاۋبىڭ، شى مىڭشيا

### 11. مۈلۈك باھالاشنى ئېتىراپ قىلىش ئاپپاراتى:

نامى: دۆلەت ئىلكىدىكى مال - مۈلۈكنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

قانۇنىي ۋەكىلى: جاڭ يۇسەي

ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خەيدىيەن رايونى ۋەنچۈەنخې يولى 66 - قورۇ

تېلېفون نومۇرى: 62567744 (010)

فوتو تېلېگراف نومۇرى: 62561817 (010)

### 12. يەر باھالاش ئاپپاراتى ۋە باھالاشنى بېجىرگۈچى خادىملار:

نامى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يەر باھالاش ئورنى

قانۇنىي ۋەكىلى: ۋاڭ شىنخۇي

ئادرېسى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرى «نۇرلۇق» يولى 15 - قورۇ

تېلېفون نومۇرى: 2890255 (0991)

فوتو تېلېگراف نومۇرى: 2890256 (0991)

يەر باھالاشنى بېجىرگۈچى: شۈي خۇا، لياۋجۈن، فۇجۈن

### 13. يەر باھالاشنى ئېتىراپ قىلىش ئورگىنى:

نامى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى

# زايومغا مەبلەغ سېلىش دۆلەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق

## - زايومغا مەبلەغ سېلىشقا ئائىت ساۋاللار

**زايوم تارقىتىش ئىقتىسادىي خىزمەت ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم خىزمەت. مەركەز ۋە گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم يولىيورۇق بېرىپ، زايوم توغرىسىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، زايوم تارقىتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە تۈرلۈك سىياسەتلەرنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ زايوم سېتىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، بۇ يىللىق زايوم تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1997- يىللىق زايوم تارقىتىش تەشۋىقاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، زايومغا مەبلەغ سېلىشقا ئائىت ساۋاللارنى ئالاھىدە تونۇشتۇردۇق.**

(بېشى تۈنۈگۈنكى 4 - بەتتە)

**7. زايوم سېتىۋېلىش نېمە ئۈچۈن شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك مەبلەغ سېلىش شەكلى دېيىلىدۇ؟**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاھالىلەرنىڭ شەخسىي كىرىمى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. نۇرغۇن ئاھالىلەر ئېشىنچا پۇلىنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئامانەت قويۇشتىن تاشقىرى، باشقا ئىشلارغا مەبلەغ قىلىپ سالىدىغان بولدى ھەمدە مەبلەغ سېلىشنىڭ بىخەتەر، ئىشەنچلىك بولۇشىغا، ئۈنۈمىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، نەق پۇلغا ئالماشتۇرۇشقا قولاي بولۇشىغا دىققەت قىلىدىغان بولدى. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، زايوم سېتىۋېلىشنى ئاھالىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك مەبلەغ سېلىش شەكلى دېيىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، زايوم مەركەز مالىيىسى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن تارقىتىدىغان، دۆلەتنىڭ ئىناۋىتى ۋە دۆلەت مالىيىسى ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان قەرز

**8. شەخسلەر زايوم بازىرىدىن زايومنى قانداق سېتىۋالىدۇ؟**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەخسلەرگە ئاساسلىقى ھېساباتقا خاتىرىلىنىدىغان زايوم، ئىسىم يېزىلمايدىغان زايوم ۋە دوكۇمېنتلىق زايوم سېتىلدى. زايومنىڭ تۈرلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، تارقىتىلىش مۇددىتى ئىچىدە يۇقىرىدىكى بىر قانچە خىل زايومنى سېتىۋېلىشنىڭ رەسمىيىتى ۋە يولىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ھېساباتقا خاتىرىلىنىدىغان زايومنى سېتىۋېلىشتا، مەبلەغ سالغۇچىلار ئاكسىيە بىرژىسىدا ھېساب ئېچىشى، يەنى ئاكسىيە 1 - دەرىجىلىك ھېساباتى ياكى زايوم مەخسۇس ھېساباتى ئېچىشى كېرەك. يۇقىرىقىدەك ھېساب ئاچقان مەبلەغ سالغۇچىلار ئۆزىگە يېقىن ئاكسىيە شىركىتىگە ھاۋالە قىلىپ، ئاكسىيە بىرژىسى ئىچىدىن زايوم سېتىۋالسا بولىدۇ؛ پۇتۇشكەندىن كېيىن، مەبلەغ سالغۇچىلار ھېساب ئاچقان ئاكسىيە 1 - دەرىجىلىك ھېساباتىغا ياكى زايوم مەخسۇس ھېساباتىغا مۇناسىپ ھەقدارلىق ھوقۇقى خاتىرىلىنىدۇ. تارقىتىش مۇددىتى ئىچىدە ھېساباتقا خاتىرىلىنىدىغان زايومدىن رەسمىيەت ھەققى ئېلىنمايدۇ.

ئىسىم يېزىلمايدىغان زايومنى سېتىۋېلىشتا، مەبلەغ سالغۇچىلار زايوم سېتىۋېلىشنى ھۆددىگە ئالغان ئاپپاراتنىڭ پوكىيىدىن بىۋاستە سېتىۋالسا بولىدۇ. ئاكسىيە بىرژىسىدا ئاكسىيە 1 - دەرىجىلىك ھېساباتى ئاچقان مەبلەغ سالغۇچىلار بىرەر ئاكسىيە شىركىتىگە ھاۋالە قىلىپ، ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ ئىچىدىن بىۋاستە سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ، پۇتۇشكەندىن كېيىن، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ 1 - دەرىجىلىك ھېساباتىغا مۇناسىپ ھەقدارلىق ھوقۇقى خاتىرىلىنىدۇ. تارقىتىلىش مۇددىتى ئىچىدە ئىسىم يېزىلمايدىغان زايومنى سېتىۋالغۇچىلاردىن رەسمىيەت ھەققى ئېلىنمايدۇ.

دوكۇمېنتلىق زايومنى سېتىۋېلىشتا، مەبلەغ سالغۇچىلار بانكىنىڭ ئامانەت تور - نۇقتىلىرى ياكى مالىيە تارماقلىرىنىڭ زايوم مۇلازىملىق بۆلۈملىرى

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ ئۆسۈم ھېسابلىنىدۇ، 1998 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مۇددىتى توشۇپ، دىرى بىلەن ئۆسۈمى قايتۇرۇلىدۇ.

6) 1994 - يىلىدىكى دوكۇمېنتلىق خەزىنە چېكى، مۇددىتى ئۈچ يىل. 1994 - يىل 4 - ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ تارقىتىلغان، سېتىلغان كۈنىدىن باشلاپ ئۆسۈم ھېسابلىنىدۇ، ئۆسۈمنى ھېسابلاش ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغاندا، 1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە بولىدۇ. 1997 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ۋاقتى توشقانلىرى نەقلەشتۈرۈلىدۇ، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، تارقىتىلغان مۇددەت ئىچىدە خەزىنە چېكىنى سېتىۋالسا ھەمدە سېتىۋالغان كۈنىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا مۇددىتى ئۈچ يىلغا توشقان بولسا، يىللىق ئۆسۈمى 13.96 % بولىدۇ، قىممىتى ساقلىنىدۇ، قىممىتىنى ساقلاش تولدۇرمىسىنىڭ نىسبىتى خەلق بانكىسى ئېلان قىلغان مۇددىتى توشقان ئايدىكى قىممىتىنى ساقلاش تولدۇرمىسىنىڭ نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛ 1997- يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ۋاقتى ئۈچ يىلغا توشمىغانلىرىغا قىممىتىنى ساقلاش تولدۇرمىسى بېرىلمەيدۇ. ئۆسۈم نىسبىتى ئەمەلىي كۈن سانى بويىچە دەرىجىگە بۆلۈپ ھېسابلىنىدۇ يەنى: ئەمەلىي كۈن سانى يېرىم يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ ئۆسۈمى ھېسابلانمايدۇ؛ يېرىم يىلغا توشقان، بىر يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى % 9.54 بولىدۇ؛ بىر يىلغا توشقان، ئىككى يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى % 11.52 بولىدۇ؛ ئىككى يىلغا توشۇپ، ئۈچ يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى % 12.60 بولىدۇ.

7) 1994 - يىلىدىكى ئالاھىدە نىشانلىق زايوم، مۇددىتى بەش يىل، يىللىق ئۆسۈمى% 15.86، 1994- يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئۆسۈم ھېسابلىنىدۇ، 1999 - يىل 4- ئاينىڭ 1 - كۈنى

1998- يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگىچە ۋاقتى ئۈچ يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئۆسۈمنى دەرىجىگە بۆلۈپ ھېسابلاش ئۇسۇلى بويىچە 1995- يىلىدىكى دوكۇمېنتلىق (1 - قارارلىق) خەزىنە چېكىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

11) 1995 - يىلىدىكى ئالاھىدە يۆنىلىشلىك زايوم، مۇددىتى بەش يىل، 1995 - يىل 7 - ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ ئۆسۈم ھېسابلىنىدۇ، 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 1- كۈنى مۇددىتى توشىدۇ، يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى% 15.86 بولىدۇ، قىممىتىنى ساقلاش تولدۇرمىسى بېرىلىدۇ، قىممىتىنى ساقلاش تولدۇرمىسى نىسبىتى خەلق بانكىسى ئېلان قىلغان مۇددىتى توشقان ئايلاردىكى قىممىتىنى ساقلاش تولدۇرما نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

12) 1996 - يىلىدىكى ئىسىم يېزىلمايدىغان (1- قارارلىق) زايوم، مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ، 1996- يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن باشلاپ ئۆسۈم ھېسابلىنىدۇ، 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مۇددىتى توشىدۇ، يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى % 14.5 بولىدۇ.

13) 1996 - يىلىدىكى ئىسىم يېزىلىدىغان (4- قارارلىق) خەزىنە چېكى، دېسكونتلىق زايوم بولۇپ، مۇددىتى بىر يىل، 1997 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مۇددىتى توشۇپ، قىممىتى بويىچە قايتۇرۇلىدۇ.

14) 1996 - يىلىدىكى دوكۇمېنتلىق (1- قارارلىق) زايوم، مۇددىتى بەش يىل، تارقىتىلغان مەزگىلدە سېتىۋېلىنغان كۈندىن باشلاپ ئۆسۈم ھېسابلىنىدۇ، يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى % 13.06 بولىدۇ. ئۆسۈم ھېسابلاش 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە بولىدۇ؛ ۋاقتى ئۈچ يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئەمەلىي كۈن سانى بويىچە دەرىجىگە ئايرىپ ھېسابلىنىدۇ، يەنى: ئەمەلىي كۈن سانى يېرىم يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ ئۆسۈمى ھېسابلانمايدۇ؛ يېرىم يىلغا توشۇپ، بىر يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى % 7.56

# زايومغا مەبلەغ سېلىش دۆلەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق

## — زايومغا مەبلەغ سېلىشقا ئائىت ساۋاتلار

**زايوم تارقىتىش ئىقتىسادىي خىزمەت ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم خىزمەت. مەركەز ۋە گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم يوليورۇق بېرىپ، زايوم تۇغرىسىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىنى ھەققىي كۈچەيتىپ، زايوم تارقىتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە تۈرلۈك سىياسەتلەرنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ زايوم سېتىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، بۇ يىللىق زايوم تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1997- يىللىق زايوم تارقىتىش تەشۋىقاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن زايومغا مەبلەغ سېلىشقا ئائىت ساۋاتلارنى ئالاھىدە تونۇشتۇردۇق.**

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**10. 1997 - يىلى تارقىتىلغان دوكۇمېنتلىق زايوم نەچچە تۈرلۈك؟ ئۇنى تارقىتىشنىڭ شەرتى نېمە؟**

1997 - يىلى تارقىتىلغان دوكۇمېنتلىق زايوم ئىككى يىللىق، ئۈچ يىللىق، بەش يىللىق بولۇپ، ھەممىسى 3 - ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ تارقىتىلىپ، 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاياغلىشىدۇ. ئىككى يىللىق دوكۇمېنتلىق زايومنىڭ يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى% 8.64، ئۈچ يىللىق دوكۇمېنتلىق زايومنىڭ % 9.18، بەش يىللىق دوكۇمېنتلىق زايومنىڭ % 10.17، ئۈچ خىل مۇددەتلىك دوكۇمېنتلىق زايومغا تەكرار ئۆسۈم ھېسابلانمايدۇ. مۇددىتى توشقاندا، دىرى بىلەن ئۆسۈمى بىر قېتىمدىلا قايتۇرۇلىدۇ. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، ئۆسۈم قوشۇپ بېرىلمەيدۇ.

دوكۇمېنتلىق زايومغا ئىسىم يېزىشقا، يوقالغانلىقىنى مەلۇم قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن ئۇنى بازاردا ئوبوروت

نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ بېرىلىدۇ.

ئىككى يىلغا توشقان، ئۈچ يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ ئۆسۈمى % 8.01 لىك يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ بېرىلىدۇ؛

ئۈچ يىلغا توشقان، تۆت يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ ئۆسۈمى % 8.55 لىك يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ بېرىلىدۇ.

تۆت يىلغا توشقان، بەش يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ ئۆسۈمى % 9.27 لىك يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ بېرىلىدۇ. بەش يىلغا توشقانلىرىنىڭ ئۆسۈمى % 10.17 لىك يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى مۇددەتلىك دوكۇمېنتلىق زايوملارنى مۇددەتتىن بۇرۇن پۇلغا ئالماشتۇرۇشتا، بىجىرگۈچى ئاپپارات ئالماشتۇرۇلغان پۇلنىڭ 1000 دىن % 2 ى بويىچە رەسمىيەت ھەققى ئالىدۇ، ۋاقتى توشقان بولسا، رەسمىيەت ھەققى ئالمايدۇ.

**11. شەخسلەر زايومنى 2 - دەرىجىلىك زايوم بازىرىدا قانداق ئېلىپ - ساتىدۇ؟**

2 - دەرىجىلىك زايوم بازىرى دېگىنىمىز — تارقىتىش مەزگىلى ئاياغلاشقاندىن تارتىپ مۇددىتى توشۇپ دىرى ۋە ئۆسۈمى قايتۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا تارقىتىلغان زايومنى ئېلىپ- ساتىدىغان سودا بازىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، زايومنى ئوبوروت قىلىش ۋە ئۆتكۈنۈپ بېرىش بازىرىمۇ دېيىلىدۇ. ئۇ ئاكسىيە سودا بىرژىسىنىڭ ئىچىدىكى سودا بازىرى ۋە ئاكسىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ پوكەي سىرتىدىكى سودا بازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ 2 - دەرىجىلىك بازاردا زايوم ئېلىپ سېتىشى ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىككى خىل بازىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاكسىيە

بىرژىسى كومپيۇتېر تورى سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ، مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بىر نەچچە ئاكسىيە شىركىتىنى بىرلەشتۈرىدۇ. مۇئامىلىدارلار ئاكسىيە ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق بىرژا بازارلىرىغا ئېلىش - سېتىش ئىلتىماسىنى سۇنىدۇ. بىرژىنىڭ كومپيۇتېر سىستېمىسى باھادا، ۋاقىتتا ئالدىن بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئېلىش- سېتىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچىنىڭ مەلۇم قىلغان باھاسى بىردەك بولغاندا، بۇ سودا پۈتكەن بولىدۇ. بىرژا كومپيۇتېرى تىزگىنلەپ تۇرغان ئاكسىيە سودىسى نەرخ - ھاۋاسىنىڭ ئەھۋالى كۆرسىتىلىدىغان ئېكرانغا ئاساسلىنىپ، زايومنىڭ ئەڭ يېڭى سېتىۋېلىنىش باھاسى، سېتىلىش باھاسى، پۈتۈشۈش باھاسى، پۈتۈشۈش مىقدارى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى جامائەتكە ئېلان قىلىدۇ. سودىلاشقۇچىلار زايومنىڭ نەرخىدىن خالىغان چاغدا خەۋەردار بولۇپ تۇرالايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى پەرەز قىلىپ، ئۆزى مۇۋاپىق كۆرگەن باھادا سېتىۋالالايدۇ ياكى سېتىۋېتەلەيدۇ.

ھېساباتقا خاتىرىلىنىدىغان زايومنى 2 - دەرىجىلىك بازاردا زايومنىڭ مەخسۇس ھېساباتى ياكى ئاكسىيە ھېساباتى ئارقىلىقلا ئېلىش - سېتىشقا بولىدۇ. ئىسىم يېزىلمايدىغان زايومنى 2 - دەرىجىلىك بازاردا پاي چېكىنىڭ ھېسابات كارتوچكىسى ئارقىلىق بازار ئىچىدە سېتىۋېلىش ياكى سېتىشنى مەلۇم قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئاكسىيە تىجارەت ئاپپاراتلىرىنىڭ پوكەيلىرىدە ئاپپاراتنىڭ تاختاي باھاسىغا ئاساسەن ناتۇرا زايوم سۈپىتىدە ئېلىش - سېتىشقىمۇ بولىدۇ.

سودا بىرژىسى ئارقىلىق زايوم ئېلىش - سېتىش زايوم سودىسىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىلىك

ئۆسۈمى قايتۇرۇلىدىغان كۈن ياكى (ئۆتكۈنۈپ بەرگەن، ساتقان كۈن) گىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سېتىۋالغاندىن كېيىنكى يىل چەكلىمىسى ئادەتتە يىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. يەنى (زايوم سېتىۋالغان ۋاقىتنىڭ ئاي سانىنى 12 گە بۆلىمىز ياكى بۇ ۋاقىتنى 360 قا بۆلىمىز) ئەگەر سېتىۋالغۇچى زايوم سېتىۋالغاندىن كېيىن، ۋاقتى توشۇپ قايتۇرۇلىدىغان بولسا، يىللىق پايدا نىسبىتىنى ھېسابلاشنىڭ فورمۇلىسى مۇنداق بولىدۇ:

سېتىۋېلىش باھاسى = مۇددىتى توشقان زايومنىڭ دىرى، ئۆسۈمى

———————— × 100%

سېتىۋالغان يىل چەكلىمىسى × سېتىۋېلىش باھاسى

سېتىۋالغۇچى زايومنى مۇددىتى توشماي تۇرۇپ سېتىۋەتمەكچى بولسا، ئۇ ئېرىشىدىغان يىللىق پايدا نىسبىتىنى ھېسابلاش فورمۇلىسىنىڭ مەزمۇنىنى مۇنداق تەڭشەشكە بولىدۇ:

سېتىۋېلىنغان باھا – سېتىۋېتىش باھاسى

———————— × 100%

سېتىۋېلىنغاندىن كېيىنكى يىل چەكلىمىسى × سېتىۋېلىنغان باھا

مەسىلەن: 1997 - يىلى تارقىتىلغان ئىككى يىللىق دىسكونتلۇق زايومنىڭ تارقىتىلىش باھاسى 100 يۈەنلىكنىڭ 82.39 يۈەن بولسا، بۇ خىل مۇددەتلىك زايومنىڭ يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى مۇنداق بولىدۇ:

100 – 82 · 39

———————— ×000 % = 10 · 687 %

82 · 39 × 2

قوشۇمچە ئۆسۈملۈك زايومنىڭ قوشما پايدىسىنىڭ نىسبىتىنى ھېسابلاشتا تۆۋەندىكى فورمۇلا ئاساس قىلىنىدۇ:

## ئىككى شېئىر

روزى سايىت

### دېھقان كۆلكىسى

دېھقاننىڭ كۆلكىسى ـ ئالەت كۆلكىسى،
دېھقاننىڭ كۆلكىسى قۇتتىن بېشارەت.
دېھقاننىڭ كۆلكىسى ـ جاھانغا بەرىكەت،
دېھقاننىڭ كۆلكىسى ـ جەۋلانى ھەرىكەت،
ئۇ توقلۇق، ئۇ شوخلۇق، شانغا ئىشارەت.

دېھقاننىڭ كۆلكىسى جاۋغايدا ئەمەس،
ئۇ يۈرەك تۆشتىدىن پارتلايدۇ، بىلسەڭ.
ئۇ قاداق ئالقاننىڭ ئاراشلىرىدىن،
ئۇ كۆيۈك ماڭلاينىڭ قاتلاقلىرىدىن،
نۇرانە كۆزلەردىن چاقنايدۇ، بىلسەڭ.

دېھقان ئۇ راست كۈلەر، «قوپال» ـ چىن كۈلەر،
ئۇ كۈلسە بىر قېتىم مىڭ گۈل تۆكۈلەر.
قەھرىدە ئايازنىڭ باغرى مىڭ تىلىم،
مېھرىدە ئويغىنار نەۋباھار، ئىقلىم...
دېھقانغا يات يالغان، ساختا كۈلكىلەر.

شۇنداق راست، شۇنداق چىن ـ ۋەزنى بار كۈلكە،
ئۆچرىدى دېھقاننىڭ ئۆيىدىن ماڭا.
شاد كۈلكە باغاشلاپ ياشاردى جېنىم،
شاش قەلەم، شوخ ئىلھام چاپتى بىتىنىم،
ھىدلاتتى يار ئىپار بويىدىن ماڭا!

* *

بۇرۇنقى خەت تارتقان دېھقان بالىسى،
بېشىدا مىڭ كويلۇق كۆرپە تومىقى.
پاھ، مەغرۇر ئەلپازدا كېلىدۇ ئەنە،
تۇرغىنى ـ پۈتكىنى كۈلىدۇ، ئەنە
كۈلكىنى قۇچىدۇ ياندا ئومىقى...

شاپ بۇرۇت، نەۋقىران دېھقان يىگىتى،
ئاستىدا تۇخۇمدەك سەمرىگەن بوز ئات.
ئۇ قونغان ئېگەرگە مەغرۇر، ياپياشلاپ،
كېلىدۇ ئىسقىرتىپ، كۈلكە ھاپاشلاپ،
ئېتىنى بوشقىنا قامچىلاپ پات ـ پات...

بىر جۈپ ياش ئەر ـ خوتۇن كېلەر مەپىدە،
(پەمىچە چوڭ ئۆينى قايتقان پەتىلەپ).
تەبەسسۇم ياغدۇ ئەرنىڭ ئەپتىدىن،
ئايالنىڭ مەڭزى چوغ سۆيگۈ تەپتىدىن،
كۈلىدۇ ئېرىگە تاتلىق ئەركىلەپ...

ئاپتاپقا قاقلىنار ئۈنسىز كۈلۈشۈپ،
ئاتمىشتىن ھالقىغان بىر جۈپ ۋاپادار.
ئۇ تەگلەر بۇنىڭغا پەتنۇستا سوقماق①
بۇ تەگلەر ئۇنىڭغا قەنتتىن بىر چاقماق...
ئۇنلەيدۇ بۇ ھالدىن سۆيۈنۈپ دەمدەر.

* *

چوڭ ـ كىچىك بازارلار ـ ئادەم دېڭىزى،
كوچىدا باش ياغلىق، تەلپەك ئاقىدۇ.
بۇ يەرنىڭ قۇچىقى كۈلكە پۈرايدۇ،
ھەركىمنىڭ جىسمىنى كۈلكە ئورايدۇ،
بۇ كۈلكە، ئېيت، نېچۈن دىلغا ياقىدۇ؟

چۈنكى ئۇ خاماندا چەشلەنگەن كۈلكە،
چۈنكى ئۇ پەنەردە پەشلەنگەن كۈلكە،
بۇ كۈلكە تومۇزدا پىشقان مەي بولۇپ،
جەملەنگەن يۈرەككە قۇۋۋەت ـ ئەي بولۇپ،
ئۇ ئەمەس بۇرۇنقى غەشلەنگەن كۈلكە.

مەن ئۇنى ئۇچراتتىم بەزمە ـ مەشرەپتە،
مەن ئۇنى ئۇچراتتىم ناخۇللۇق قولدا.
ئۇچراتتىم يايلاقتا، ئانار، تال ـ تەكتە.
ئۇچراتتىم باغدىكى ھەر گۈل، چېچەكتە...
«ئەسسالام» دېيىشتۇق بازاردا، يولدا!...

* *

دېھقاننىڭ كۆلكىسى ـ ئالەت كۆلكىسى،
دېھقاننىڭ كۆلكىسى قۇتتىن بېشارت.
گەر دېھقان كۈلمىسە كۈلەلمەس ئالەم،
بۇ ھالدا دەۋرگىن «سولدى گۈل ـ لالەم...»
دېھقاننىڭ كۈلۈشى شانغا كاپالەت!

### يېزا يىگىتى

بېلىدە پوتا، بېشىدا دوپپا،
چىرايى نۇرلۇق يېزا يىگىتى.
تىلىدا ناۋا، دىلىدا ۋاپا،
يۈرىكى ئوتلۇق يېزا يىگىتى.

ياشلىق جۇرئىتى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان،
دىلى ئۈمىدكە لىق تولۇپ تۇرغان.
ئىقبالى ياردەك شوخ كۈلۈپ تۇرغان،
ئەتىسى قۇتلۇق يېزا يىگىتى.

ماڭغانچە كېڭىيىپ سائادەت يولى،
كۈچ ـ ماغدۇر تاپتى بېلىكى ـ قولى.
بولمىغاچ ئەمدى «نومۇرنىڭ گولى»
«توققۇزى تولۇق» يېزا يىگىتى.

بىر چاغدىكىدەك ھالى بوش ئەمەس،
يۈرمەيدۇ مىسكىن ـ كۆڭلى خۇش ئەمەس،
ئۇنىڭدا ھازىر يېڭىچە ھەۋەس،
غايىسى ئۇلۇغ يېزا يىگىتى.

بۇ يىل كاتتا ئۆي ـ ئايۋان سالماقچى،
كېلەر يىل موتو، كوڭكا ئالماقچى.
تويىدا قوشلاپ ناغرا چالماقچى،
ئارزۇسى يوللۇق يېزا يىگىتى.

پىلانىدا ئۇ بىنەم ئاچماقچى،
چوڭ ئىش تەۋرىتىپ غولاچ ئاتماقچى.
دۆلەتكە، ئەلگە تۆھپە قاتماقچى،
ئۆي ـ پىكرى ھۇللۇق يېزا يىگىتى.

دەيدۇ! «يېزامغا مەكتەپ سالىمەن،
كۆۋرۈك ياسايمەن، ماي يولى ئالىمەن.
ساخاۋەتنى يوق قانداق بالىمەن؟!...»
ئاپىرىن، قۇللۇق! يېزا يىگىتى.

كۈلسە ھەر كىمنىڭ ئۆمۈر باھارى،
بولسا ئىشەنچ ـ ئامراق نىگارى.
تاپىدۇ روناق ئۆزى، دىيارى،
كۆرىدۇ خوۋلۇق، يېزا يىگىتى.

كەتمەننى ئويناپ، روھىڭنى ئويغات،
قەددىڭنى تىكلە، ئۆمرۈڭنى ياپرات.
جەۋلان بېغىدا شائىرنى سايرات،
مەنزىلى يورۇق يېزا يىگىتى!



چەۋەندازلار

نىجات سابىت فوتوسى

## ئىناقلىق كۈيى

سىدىق قاۋۇز

ئىناقلىق بېغىدا ياشناپ،
قىزىلگۈل خۇشپۇراق چاچتى.
ئاشۇ گۈلنى قىسىپ قىزلار،
پەردەك ئۆز چىراي ئاچتى.

بولۇپ ھەمدەم جىمى مىللەت،
قېرىنداشلىققا قويدۇق قول.
سەپەردە پەللىلەر ئاتلاپ،
گۈزەل ئىقبالغا ئالدۇق يول.

ئۈيۈشقاچ چىڭ گەر ئۈيۈلتاشتەك،
بولۇپ بىر تەن جىمى مىللەت:
سالالماس ئەلگە ئاپەت، چاڭ،
ئارازلىقتەك رەزىل ئىللەت.

ئىناقلىق مېھرىدىن ھەر چاغ،
بۆلەكچە يايرىدى دىللار.
سائادەت ئوغلىنى قۇتلاپ،
ئۆزىدى شان بىلەن يىللار.

مۇشەققەت تاغىدىن ھالقىپ،
بەخت قەنتىنى تەڭ چاقتۇق.
ئۇزۇپ مېھنەت دېڭىزىدا،
بولۇپ ھەمدەم خۇشال ئاقتۇق.

ئەزەلدىن ئىتتىپاق خەلقىم،
تۇتاشتۇر رىشتىمىز بىزنىڭ.
رىتىمداش يۈرىكى مەڭگۈ،
تۇمەنمىڭ مەرد ئوغۇل ـ قىزنىڭ.

قىلىپ مېھنەت، تۆكۈپ ساپ تەر،
ۋەتەندە ياسىدۇق گۈلباغ.
خەلقنىڭ ئەجرىدە كۈلدى،
قاقاس ساي، تىلسىمات، چۆل، تاغ.

بۈيۈك دوستلۇقنى سۆيگەنلەر،
ئەقىل ـ قۇدرەتكە يار بولدى.
كىمكى تويقا تاش ئاتسا،
جاھاندا شەرمسار بولدى.

**مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا مەدھىيە**

## دوستلۇق

ئابلىز قۇربان

ھايات بوستانىنى بىلسەڭ قىلار ئۇز، لالىزار دوستلۇق،
باياۋان، چۆل ـ جەزىرىلەرنى گۈلىستان، باغ، باھار دوستلۇق.

كۆڭۈللەرنى قىلىپ مەپتۇن، ئىشق ئوتى ياقار دوستلۇق.

ھايات لەززەتلىرىدىن بەھرىمەن بولماق ئۈچۈن تەر تۆك،
قىلار سېنى ئەقىدەڭدىن چوقۇم باي. بەختىيار دوستلۇق.

ئۇنىڭسىز گۈللىمەس دۇنيا، ئۇنىڭسىز تارىماس جۇتلار،
باياشات، مەۋجۇت بولۇپ تۇرماق ئۈچۈن ئۇل، تۆھپىكار دوستلۇق.



